تېخىمۇ ئېچىۋېتىلگەن شارائىتتا تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرايلى

ـــ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پۇدۇڭنى ئېچىش، ئېچىۋېتىشنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

☐ **خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى**

«سىرتقا ئېچىۋېتىش دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ سىياسىتى، بۇنىڭدىن ھەرقانداق ۋاقىتتا تەۋرىنىشكە بولمايدۇ.» پۇدۇڭنى ئېچىش، ئېچىۋېتىشنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ چوڭقۇر قىلىپ مۇنداق كۆرسەتتى: خىرىسقا قانچە دۇچ كەلگەنسېرى بىز تارىخنىڭ ئىلگىرىلەش لوگىكىسىغا شۇنچە ئەمەل قىلىپ، دەۋرنىڭ تەرەققىيات ئېقىمىغا ئۇيغۇنلىشىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇنلىشىپ، تېخىمۇ ئېچىۋېتىلگەن شارائىتتا تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

ئېچىۋېتىش زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ روشەن بەلگىسى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، كىرگۈزۈشتىن چىقىرىشقىچە، دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىشتىن «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشقىچە، جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈشتىن يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش قەدىمىنى يەنىلا تېزلىتىشكىچە، جۇڭگو دۆلەت دەرۋازىسىنى ئېچىۋېتىپ قۇرۇلۇش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، بىكىنمە، يېرىم بىكىنمە ھالەتتىن ھەر تەرەپلىمە ئېچىۋېتىشكە ئۆتۈشتەك ئۇلۇغ بۇرۇلۇشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپلا قالماي، يەنە دۇنياغا بەخت ياراتتى. خۇددى باش شۇجى شى جىنپىڭ تەكىتلىگەندەك: «سىرتقا ئېچىۋېتىشنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، سىرتقا ئېچىۋېتىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئېچىۋېتىش ئارقىلىق ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتتا ئۈزلۈكسىز يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى مۇھىم ئەڭگۈشتەرى.» ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئۆتكەن 40 نەچچە يىلدا جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئېچىۋېتىش شارائىتىدا قولغا كەلتۈرۈلدى، كەلگۈسىدە جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇشىمۇ جەزمەن تېخىمۇ ئېچىۋېتىلگەن شارائىتتا ئېلىپ بېرىلىدۇ. جۇڭگونىڭ ئېچىۋېتىلگەن دەرۋازىسى تاقىلىپ قالمايدۇ، پەقەت بارغانسېرى كەڭ ئېچىۋېتىلىدۇ. بۇ، جۇڭگونىڭ رېئال ۋە يىراق كەلگۈسى تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئاساسەن چىقارغان ئىستراتېگىيەلىك تاللىشى، شۇنداقلا ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىگە بەخت ياراتقانلىقىدۇر.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: «بىر دۆلەت، بىر مىللەت گۈللىنىمىز دەيدىكەن، جەزمەن تارىخنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش لوگىكىسى بويىچە ئالغا ئىلگىرىلىشى، دەۋر تەرەققىياتىنىڭ ئېقىمىدا تەرەققىي قىلىشى شەرت.» ھازىر، دۇنيا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتىدۇ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ پۈتۈن يەر شارىدا كەڭ دائىرىدە تارقىلىشى بۇ چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى تېزلەتتى، يەككە تەرەپچىلىك، قورۇقچىلىق كۆپىيىپ كەتتى، خەلقئارا ئەندىزە چوڭقۇر تەڭشىلىۋاتىدۇ، مۇقىمسىزلىق، ئېنىقسىزلىق ئامىللىرى روشەن كۆپىيىۋاتىدۇ. شۇنى كۆرۈش كېرەككى، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشى بىر قىسىم قايتما دولقۇنغا دۇچ كەلمەكتە، لېكىن دۇنيا ھەرگىز ئۆزئارا بېكىنمىچىلىك قىلىدىغان، بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان ھالەتكە قايتمايدۇ، ئېچىۋېتىش، ھەمكارلىشىش يەنىلا تارىخىي ئېقىم، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىش يەنىلا كىشىلەر قەلبىنىڭ مايىللىقى. بۈگۈنكى دەۋردە، ئىشىكنى تاقىۋېلىپ قۇرۇلۇش قىلىدىغان ھەرقانداق ئوي ـ پىكىر، باشقىلارنى چەتكە قاقىدىغان ھەرقانداق قىلمىش، ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدىغان، غالىب كەلگۈچى ھەممىنى يۇتۇۋالىدىغان ھەرقانداق ئۇرۇنۇشلارنىڭ ھەممىسى تارىخ ئېقىمىغا قارشى ھەرىكەتتۇر! دۇنيا ئىقتىسادى بىر چوڭ دېڭىز، دۇنيادىكى دېڭىز ـ ئوكيانلارنىڭ ھەممىسى ئۆزئارا تۇتاشقان، ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ دۇنيادىكى دېڭىز ـ ئوكيانلارنىڭ ئۆزئارا تۇتىشىشىغا سۈنئىي توسقۇنلۇق قىلىشقا ئۇرۇنۇشى پەقەت ئۆزىنى چاغلىمايدىغان خام خىيالدىنلا ئىبارەت! بىز ھەرگىزمۇ قارشى شامال ۋە قايتما دولقۇن تەرىپىدىن توسۇلۇپ قالماسلىقىمىز، تارىخنىڭ توغرا تەرىپىدە تۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئېچىۋېتىشنى ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىپ، ئوچۇق دۇنيا ئىقتىسادى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشىمىز، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك.

ھازىردىن باشلاپ مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، دۆلىتىمىز ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىدىغان 30 يىل، بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە بىز تېخىمۇ مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان تاشقى مۇھىتقا يۈزلىنىمىز. پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچى ۋەزىيىتى چوڭقۇر تەھلىل قىلىنىپ، دۇنيانىڭ چوڭ يۈزلىنىشى توغرا ئىگىلىنىپ، «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى دۆلىتىمىز تەرەققىياتىغا قارىتا ئومۇميۈزلۈك يىرىك پىلان تۈزۈلۈپ، يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى تەلەپكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇلۇپ، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش ھەرگىزمۇ ئىشىكنى تاقىۋېلىپ بېكىنمە ھالەتتە يۈرۈشتۈرۈش بولماستىن، بەلكى ئىچكى ئېھتىياجنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق دۆلەت ئىچى بازىرى ۋە خەلقئارا بازارنى تېخىمۇ ياخشى تۇتاشتۇرۇپ، خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىن ئىبارەت ئىككى بازار، ئىككى خىل بايلىقتىن تېخىمۇ ياخشى پايدىلىنىپ، ئېچىۋېتىش، تەرەققىياتتىكى ئىستراتېگىيەلىك تەشەببۇسكارلىقنى تېخىمۇ ياخشى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. كەلگۈسىگە يۈزلەنگەندە، جۇڭگو قەتئىي تەۋرەنمەي ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان ئېچىۋېتىش ئىستراتېگىيەسىگە ئەمەل قىلىپ، سىرتقا ئېچىۋېتىش سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئوچۇق ئىقتىساد يېڭى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىپ، تېخىمۇ كەڭ دائىرە، تېخىمۇ كەڭ ساھە، تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلامدىكى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇپ، ئىچكى ـ تاشقى بازارنى تۇتاشتۇرۇش، مۇھىم ئامىل بايلىقىدىن ئورتاق بەھرىلىنىشنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىشقا ئاشۇرۇپ، خەلقئارا ھەمكارلىق ۋە رىقابەت يېڭى ئەۋزەللىكى شەكىللەندۈرۈپ، ھەم دۇنيادىن تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئالىدۇ، ھەم جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى ئارقىلىق دۇنياغا تېخىمۇ ياخشى نەپ يەتكۈزىدۇ.

شاڭخەي بىر شەرەپلىك شەھەر، مۆجىزىگە ئۈزلۈكسىز گۇۋاھ بولۇۋاتقان جاي. پۇدۇڭنى ئېچىش، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 30 يىلدا قولغا كەلتۈرۈلگەن كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئەڭ جانلىق رېئال ئىسپات بىلەن تەمىنلىدى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئەڭ جانلىق ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش كارتىنىسى بىلەن تەمىنلىدى. يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو تەرەققىياتىنىڭ ئۇلۇغۋار مۇساپىسىدە، پۇدۇڭ چوقۇم تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ يول ئاچقۇچى ئاۋانگارتلىرىدىن، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنىڭ باشلامچىلىرىدىن، «تۆت ئىشەنچ»نى نامايان قىلىشنىڭ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش ئۈلگىلىرىدىن بولالايدۇ، شاڭخەي چوقۇم دۇنيا يېڭىچە نەزەر بىلەن قارايدىغان يېڭى مۆجىزىلەرنى يارىتالايدۇ، چوقۇم سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنىڭ يېڭى كەيپىياتىنى نامايان قىلالايدۇ!

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)

چېگرا بويىدىكى كەنتتە كۆڭۈللەر لەززەتكە تولدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاجى ئاقىش ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «ئەڭ چوڭ ئۆزگىرىش سەپەرگە چىقىشتا بولدى، ئىلگىرى كەنتتە تۈزۈكرەك يولمۇ يوق ئىدى، يېزىدىكى بازارغا بىر قېتىم بېرىپ كېلىشكە يەتتە ـ سەككىز سائەت ۋاقىت كېتەتتى، ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى ئۇستىبېشىمىزنى چاڭ ـ توپا باسسا، يامغۇر ياغقان كۈنلىرى لايغا مىلىنىپ كېتەتتۇق».

2018 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، پۈتۈن كەنتتىن ئۆتىدىغان ئاساسلىق غول يول Z660 لىنىيەسى پۈتۈپ قاتناش باشلاندى، 69 كىلومېتىر كېلىدىغان كەنت دەرىجىلىك ئاسفالت يول، 21 كىلومېتىر كېلىدىغان كەنت ـ گۇرۇپپا يولى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ بېيىش يولىنى راۋانلاشتۇردى. يوللارنى يورۇتۇش قۇرۇلۇشى كەنت ـ گۇرۇپپا يولى بىلەن ماس قەدەمدە يولغا قويۇلغان بولۇپ، قۇياش ئېنېرگىيەلىك يول چىرىغىدىن 100ى ئورنىتىلىپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ سەپەرگە چىقىشى قولايلاشتۇرۇلدى.

كونا قىياپىتى يېڭى تۈسكە كىرگەن ئاقئۆڭكۈر كەنتىنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇدى. كەنت دەرىجىلىك سودا كوچىسى ۋە 400 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان كىچىك بازار كەنت دەرىجىلىك سودا ـ سېتىق، مۇلازىمەت كەسپىنى گۈللەندۈرۈپلا قالماي، يەنە كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھەمىيىنىنى تومپايتتى. چېنىقىش مەيدانى، ۋاسكېتبول مەيدانى، كۇتۇپخانا، بىليارتخانا، تېكتاك توپ ئۆيى، ئامما چوڭ سەھنىسى قاتارلىقلار دېھقان ـ چارۋىچىلارنى ئۆگىنىدىغان، چېنىقىدىغان، كۆڭۈل ئاچىدىغان ياخشى جايغا ئىگە قىلدى.

يېڭى ئۈمىد يېتىلدۈرۈش

ئاقئۆڭكۈر كەنتى تاغلىق رايوندىكى ئېگىز، سوغۇق يەرگە جايلاشقان بولۇپ، ئەنئەنىۋى كۆچمەن چارۋىچىلىق كەنتى. ئۇزاقتىن بۇيان، شۇ جايدىكى چارۋىچىلار تەبىئىي ئوتلاقتا ھەددىدىن زىيادە تايىنىپ، چارۋىنى چەكتىن ئاشۇرۇپ باققاچقا، ئوتلاق بىلەن چارۋا ئارىسىدىكى زىددىيەت گەۋدىلىك ئىدى.

«قىشلاقتىكى ئوت ـ چۆپ مىقدارى يىلدىن ـ يىلغا ئازىيىپ كەتكەچكە، چارۋىلارنىڭ قىشتىن ئۆتىدىغان يەم ـ خەشىكى كەمچىل بولۇپ، ھەر يىلى قىشتا قۇرۇق ئوت ـ چۆپ سېتىۋېلىشقا 6000 يۈەن كېتەتتى» دېدى كەنت ئاھالىسى مەمەتتۇردى خۇۋاك ئەسلەپ.

2018 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، ئاقچى ناھىيەلىك ھۆكۈمەت ئىشخانىسىنىڭ ئاقئۆڭكۈر كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى ئورمان، ئوتلاق مۇتەخەسسىسلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا تەكلىپ قىلىپ ھەم كەنتتىكى پارتىيەلىك كادىرلارنى يېتەكلەپ باشلامچىلىق بىلەن ھەرىكەتكە كېلىپ، كەنتتىكى بىكار تۇرۇۋاتقان 18 مو بوش يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ، تۈزلەپ، ئوغۇتلاپ، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە غىشە ۋە ئارپىنى سىناق قىلىپ تېرىدى، ھوسۇلى كىشىلەرنى خۇشال قىلدى.

نەتىجىنى كۆرگەن دېھقان ـ چارۋىچىلار بەس ـ بەستە سۈنئىي ئوت ـ چۆپ تېرىش تۈرىگە قاتناشتى، دالىلاردا، كەنت ئاھالە كومىتېتى ئەتراپىدىكى بوش يەردە، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، ھەممىلا يەردە بولۇق ئۆسكەن غىشەنى كۆرگىلى بولىدىغان بولدى. 2020 ـ يىلى، پۈتۈن كەنت بويىچە سۈنئىي ئوت ـ چۆپ تېرىلغان كۆلەم جەمئىي 1600 مودىن ئاشتى، بۇ، پۈتۈن كەنتتىكى 8000دىن ئارتۇق قوي ـ كالا قاتارلىق چارۋىلارنى قوتاندا بېقىشقا يېتىدۇ.

ئاقچى ناھىيەلىك ھۆكۈمەت ئىشخانىسىنىڭ ئاقئۆڭكۈر كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 ـ شۇجى لى گۇاڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، كەنت تېرىلغۇدىن ئورمانغا، ئوتلاققا قايتۇرۇش، ئېكولوگىيە تۆلەم تولۇقلىمىسى ۋە ئېكولوگىيەنى قوغداش قۇرۇلۇشى مەبلىغىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئەمگەك ئىقتىدارى بار نامرات نوپۇسنى ئورمان مۇھاپىزەتچىسى، ئوتلاق باشقۇرغۇچى ۋە پەرۋىش قىلغۇچى قاتارلىق ئورۇنلارغا تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىپ، 100 ئادەمنى مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى.

يېڭى «پۇل تېپىش» يولى ئېچىش

كەنت ئاھالىسى كامال ئەخمەت ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە كىچىك ھويلىسىنى سۈپۈرۈپ تازىلاپ يىغىشتۇرىدۇ، بۇ پۈتۈن ئائىلىدىكىلەرنىڭ ئادىتىگە ئايلاندى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاقئۆڭكۈر كەنتى «گۈزەل ھويلا ـ ئاران» «ئەڭ گۈزەل ئائىلە» بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، يېزا مۇھىتىنى تۇتاش تۈزەشنى ئالغا سىلجىتىپ، گۈزەل يېزا ـ كەنت قۇرۇشنى تېزلەتتى.

كەنت قىياپىتىنى ياخشىلاش، يېزا ـ كەنتلەرنىڭ مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ئېگىزلىك ئېكولوگىيەسىدىن ھۇزۇرلىنىش ساياھىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈستىدە ئىزدەندى. بۇلتۇر 6 ـ ئاينىڭ بېشىدا، كەنتتىكى تۇنجى قىرغىز چارۋىچىلار ئارامگاھى ئېچىلىپ مېھمان كۈتتۈۋالدى، چارۋىچىلار ئارامگاھىنىڭ مەسئۇلى جۇمامدىن جۇمالى ياخشى ئاشپەزلىك ھۈنىرىگە تايىنىپ نۇرغۇن ساياھەتچىنى جەلپ قىلدى، تىجارەت باشلىغاندىن بۇيان كىرىمى خېلى ياخشى بولدى.

«كەنتنىڭ مۇھىتى ياخشىلاندى، ئەتراپتىن ساياھەتكە كېلىدىغان كىشىلەر بارغانسېرى كۆپەيدى، چارۋىچىلار ئارامگاھى ئېلىپ كەلگەن كىرىم قوي ـ كالا باققاندىن كۆپ بولدى» دېدى جۇمامدىننىڭ ئايالى تۇردىگۈل جۇماقادىر.

ئاقئۆڭكۈر كەنتى تەۋەسىدە قارلىق تاغ، جىلغا، ئېگىز تاغ چىملىقى قاتارلىق ئېگىزلىك مەنزىرىلىرى بولۇپلا قالماي، يەنە تۆت پەسىل ئۈزۈلمەي ئېقىپ تۇرىدىغان جىلۇسۇ ئارىشىڭى بار. بۇ ئەۋزەل بايلىقلارغا تايىنىپ، كەنتتىكىلەر تارىم دەرياسى مەنبەسى مەنزىرە ساياھىتى، كۆچمەن چارۋىچىلىق مەدەنىيىتىدىن ھۇزۇرلىنىش ساياھىتى قاتارلىق ساياھەت لىنىيەلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، «ئېگىزلىك مەنزىرىسى + مىللىيچە مەززىلىك تائاملار + قىرغىزلار مەدەنىيىتى + قونۇش، ئىستىراھەت» يېزا ـ كەنت ساياھىتىنى راۋاجلاندۇردى. بۇ يىل كەنتكە ساياھەتكە كەلگەن ئادەم سانى 2200 ئادەم قېتىمدىن ئاشقان بولۇپ، دېھقان ـ چارۋىچىلار ساياھەتكە تايىنىپ 500 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلدى.

«بىز يېزا ـ كەنتلەرنىڭ ساياھەت مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇش بىلەن بىللە، يېزا ـ كەنت ساياھىتىنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇپ، زورايتىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىنى سىجىل مۇقىم ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىمىز» دېدى لى گۇاڭ.

پېشقەدەم كەنت دوختۇرلىرى يېڭىلىقلار ھەققىدە توختالدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«ئىلگىرى شىپاخانىنىڭ شارائىتى ناھايىتى ناچار ئىدى، ھازىرقى بىلەن تۈپتىن سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى.» زەينەپخان خورسىنغان ھالدا مۇنداق دېدى: ئۇ چاغلاردا نېپىز لاي، قومۇش، يۇلغۇندىن سېلىنغان «قوشام تاملىق ئۆي» شىپاخانا ئىدى، بىر دورا ساندۇقى «دورىخانا» ئىدى. قاتتىق دېتال ئەسلىھەلىرى بولمىغاچقا، پەقەت باش ئاغرىش، قىزىپ قېلىشتەك كىچىك كېسەللەرنىلا كۆرەلەيتتىم، ئېغىرراق كېسەللەرنى زادىلا داۋالىيالمايتتىم. بۇ يەردىكى كەنت ئاھالىلىرى تارقاق ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، بىر قېتىم سەييارە كېسەل كۆرۈشكە ئاز دېگەندىمۇ ئون كۈن كېتەتتى، كۆپ ھاللاردا تاڭ سۈزۈلگەندە يولغا چىقسام قاراڭغۇ چۈشكەندە ئاندىن كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆيىگە بارالايتتىم.

2016 ـ يىلى، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار سىياسەتلىرىگە ئاساسەن، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئارزۇسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش مۇمكىنچىلىكىنى بىر تۇتاش ئويلاشقاندىن كېيىن، كېرىيە ناھىيەسى دەريا بويى يېزىسىغا قاردىتا ئومۇميۈزلۈك باشقا جايغا كۆچۈرۈشنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى. «يېڭى شىپاخانىنىڭ داۋالاش شارائىتى ھەقىقەتەن كۆپ ياخشىلاندى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى دوختۇر، ئىككى سېستىرا ۋە بىر قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى شوپۇرى سەپلەندى، ئۇششاق كېسەل، دائىم كۆرۈلىدىغان كېسەللەرنىڭ ھەممىسىنى داۋالىيالايمىز» دېدى زەينەپخان.

زەينەپخانغا ئوخشاش كېرىيە ناھىيەسى كۆكيار يېزىسىنىڭ باش ئەگلە كەنتىدىكى مەترېھىم روزىمۇ 40 يىللىق پېشقەدەم كەنت دوختۇرى. «ئىلگىرى كەنتتە داۋالاش ئۆيى يوق ئىدى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇششاق كېسەلنى كەينىگە سۈرەپ، چوڭ كېسەلگە چىداپ يۈرەتتى، پەقەت بولالمىغاندا ئاندىن دوختۇرخانىغا باراتتى.» مەترېھىم مۇنداق دېدى: ھازىر كەنتتە ئۆلچەملىك داۋالاش ئۆيى قۇرۇلۇپلا قالماي، يەنە ۋاكسىنا ئەملەش ئۆيى، كۆزىتىش ئۆيى، دورىخانا ۋە دوختۇرلار داۋالاش ئۆيى بار بولدى، توڭلاتقۇ، قان بېسىمىنى ئۆلچىگۈچ، قان شېكىرىنى ئۆلچەش ئەسۋابى، جۇڭيى دورىلىرى، فىزىكىلىق داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىقلار سەپلەندى، سوزۇلما كېسەللىكە گىرىپتار بولغانلار قەرەللىك ھالدا داۋالاش ئۆيىگە كېلىپ تەكشۈرتۈپ داۋالىنالايدىغان بولدى. «داۋالىنىش سۇغۇرتىسى بىلەن تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلگەچكە، كەنت ئاھالىلىرى كېسەل كۆرسەتسە، دورا ئالسا نىسبەت بويىچە ئاتچوت قىلىنىدۇ، ئەمدى كېسەل كۆرسىتىش، داۋالىنىش قىيىن ئىش ئەمەس.» مەترېھىم مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: ھازىر ھەممە ئائىلىدە دوختۇرنىڭ ئالاقىلىشىش تېلېفون نومۇرى بار، كىم بىئارام بولسا تېلېفون قىلسىلا، دوختۇر ئىشىك ئالدىغا بېرىپ كېسەل كۆرىدۇ.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، «كېسەل سەۋەبىدىن نامراتلىشىپ كېتىش، كېسەل سەۋەبىدىن قايتا نامراتلىشىپ كېتىش»نىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، كېرىيە ناھىيەسى ساغلاملىق ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، پۈتۈن ناھىيەدىكى ھەر دەرىجىلىك بېكىتىلگەن داۋالاش ئاپپاراتلىرىدا «ئاۋۋال داۋالىنىش، ئاندىن ھەق تۆلەش» تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، سوزۇلما كېسەللىك بويىچە ئائىلە دوختۇرلىرى كېلىشىم ئىمزالاپ مۇلازىمەت قىلىشنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، شەھەر ـ يېزا داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، چوڭ كېسەل سۇغۇرتىسى، داۋالاش، قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش، تولۇقلىما داۋالىنىش سۇغۇرتىسى قاتارلىق داۋالىنىش كاپالىتى بىلەن تولۇق قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇردى. مەترېھىم مۇنداق دېدى: «ھازىر، داۋالاش ـ سەھىيە مۇلازىمەت سىستېمىسى شەھەر ـ يېزىلارنى قاپلىدى، بىر تېلېفون بىلەنلا كېلىشىم ئىمزالىغان ئائىلە دوختۇرلىرى دەرھال ئىشىك ئالدىغىچە بېرىپ مۇلازىمەت قىلىدۇ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كېسەل كۆرسىتىشى تەسكە توختىمايدىغان بولدى، ئۇلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش يولىدىكى غەم ـ ئەندىشىسىمۇ تۈگىدى».